## 10455 ـ چوڭ ۋە كىچىك جىھاد توغرىسىدا

**سۇئال**

چوڭ جىھاد دىگەن نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىشمۇ ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئەمەلىي جىھاد قىلىشمۇ؟، بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بىرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر قېتىملىق غازاتتىن قايتقاندا، ساھابە كىراملارغا: بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتتۇق، دىۋىدى، ساھابىلار: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ كاتتا جىھاد بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەئە، بار، ئۇ بولسىمۇ نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، دىدى دەپ رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىس ئەمەس.

ھەقىقەتەن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشتىن ئىلگىرى تۇرىدىغانلىقىدا ھىچ شەك ـ شۈبھە يوق. ئىنسان ئۆز نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلماستىن كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلالمايدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ تەبئىتى جاپا ـ مۇشەققەتنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:كُتِبَ عليكم القِتَالُ وهو كُرْهٌ لَكُمْ وعَسَى أن تكرهوا شيئا وهو خيرٌ لكم وعسى أنْ تحبوا شيئا وهو شرٌ لكم والله يعلم وأنتم لا تعلمونتەرجىمىسى: سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نىمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرۇغانىغا ئالدىراڭلار. [سۈرە بەقەرە 216–ئايەت].

دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش پەقەت نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كىلىدىغان بولۇپ، نەپسى جىھادقا رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنىدىغان ھالەتكە كەلگەندە ئاندىن روياپقا چىقىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ مىنارۇل ئىسلام پەتىۋالىرى2–توم 421–بەت].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "جىھاد تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش. شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش. كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش. مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىلىش.

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش بولسا: نەپسىنى ھىدايەت يولىغا يىتەكلەش ئۈچۈن يىتەرلىك بىلىم ئىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، تەلىم ئالغاندىن كىيىن ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش، كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا

دۇچ كەلگەن بارلىق قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

شەيتانغا قارشى جىهاد قىلىش بولسا: شەيتاننىڭ ئىنسانغا تۈرلۈك شەك-شۈبھىلەرنى پەيدا قىلىشىغا، ئىمان ۋە ئەقىدىگە زىت بولغان ئىككىلىنىشنى پەيدا قىلىشىغا، نەپسى-شەھۋەت بۇزۇقچىلىققا تۈرتكە بولىدىغان پىتنىلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلىش بولسا: قەلبى بىلەن، تىلى بىلەن، مېلى بىلەن ۋە نەپسى بىلەن بولىدۇ. كاپىرلارغا قارشى جىهاد ئاساسەن قولى بىلەن بولىدۇ. مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد تىلى بىلەن ئاغزاكى، تەشۋىقاتۋە قارشى تۇرۇش ۋە رەددىيە بېرىش بىلەن بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: تۆت تۈرلۈك جىهادنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئەڭ مۇكەممەل ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جىهاد قىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدىكى ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ." [زادۇل مەئاد 3-توم 9-12-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.